



7- ئاينىڭ 15- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋىيىۋەنجاڭى چياۋشى بېيجىڭ «خەلق» سارىيىدا ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى دۇمېي بىلەن كۆرۈشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**



7- ئاينىڭ 15- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ بېيجىڭدىكى دياۋيۈيتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى دۇمېي بىلەن كۆرۈشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**

# خەۋپسىزلىك كېڭىشى كامبودژىدىكى تەرەپلەرنىڭ ئىختىلاپلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئىيۇل تېلېگراممىسى.** ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ مۇشۇ ئايلىق رەئىسى، شۋېتسىيىنىڭ ب د ت دا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى پېتېر ئوسۋارد مۇشۇ ئاينىڭ 11 - كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، كامبودژىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەردىن توقۇنۇشنى دەرھال توختىتىپ، تىنچلىق ۋاسىتىسى ۋە سىياسىي جەھەتتىن سۆزلىشىش ئارقىلىق ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

بۇ بايانات خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى 15 ئەزا دۆلەتنىڭ نەچچە كۈن كېڭىششى ئارقىسىدا ئېلان قىلىنغان. باياناتتا مۇنداق دېيىلىدۇ: كامبودژىدا يېقىندا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئۇنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىگە خەۋپ كەلتۈرمەكتە، خەۋپسىزلىك كېڭىشى بۇنىڭغا ئىنتايىن دىققەت قىلىۋاتىدۇ ھەم ئالاقىدار تەرەپلەردىن ئۇلارنىڭ كامبودژا مەسىلىسى توغرىسىدىكى پارىژ تىنچلىق كېلىشىمىدە بەرگەن ۋەدىسىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈلمىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ھەم ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى دەۋەت قىلىدۇ.

# شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى كامبودژىنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىشنى كېچىكتۈردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇئالالۇمپۇر 10- ئىيۇل تېلېگراممىسى.** شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بۈگۈن بۇ يەردە قارار چىقىرىپ كامبودژىنى بۇ تەشكىلاتنىڭ يېڭى ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىشنى كېچىكتۈردى.

بۇ قارار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا يەتتە دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن پەۋقۇلئاددە يىغىنىدا چىقىرىلدى. مالايسىيا دىپلوماتىيە مىنىستىرى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى باداۋىي ئالتە سائەت داۋام قىلغان يىغىندىن كېيىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا بۇ قارارنى جاكارلىدى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرما بىلەن لائوسنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېچىلىدىغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ رەسمىي يىغىنى مەزگىلىدە بۇ تەشكىلاتقا كىرىشنى قارار قىلدى.

# خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئافغانىستاندىكى توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ب د ت خەۋىرى.** ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ مۇشۇ ئايلىق رەئىسى، شۋېتسىيىنىڭ ب د ت دا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى پېتېر ئوسۋارد يېقىندا بايانات ئېلان قىلىپ، ئافغانىستاندىكى توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ جەڭنى دەرھال توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

ئوسۋارد خەۋپسىزلىك كېڭىشى باش كاتىپ ئاناننىڭ ئافغانىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار دوكلاتىنى قاراپ چىققاندىن كېيىن بۇ باياناتنى ئېلان قىلدى. باياناتتا ئافغانىستاندىكى توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ دەرھال سۆھبەت جوزىسىغا كېلىپ، ئورتاق تىرىشىپ، بارلىق ئافغانىستانلىقلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ۋە كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشى مۇراجىئەت قىلىنغان. باياناتتا يەنە ئافغانىستاندىكى توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەر بىلەن ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ب د ت نىڭ ئافغانىستان مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىغا ئەمەل قىلىشى، بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئافغانىستانغا ئارىلىششىنى توختىتىشى تەلەپ قىلىندى.

# روسىيە، فىنلاندىيە زۇڭتۇڭلىرى سۆھبەتلەشتى

## فىنلاندىيە روسىيە بىلەن ئورتاق چېگرا مۇداپىئە مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى رەت قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، موسكۋا، 13- ئىيۇل تېلېگراممىسى.** روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن بىلەن فىنلاندىيە زۇڭتۇڭى ئاقتىسارى مۇشۇ ئاينىڭ 13- كۈنى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: روسىيە بىلەن فىنلاندىيىنىڭ ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق خەۋپسىزلىكى قاتارلىق بىر مۇنچە خەلقئارا مەسىلىلەردىكى كۆز قارىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئاقتىسارى يېلتسىننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بىرەسمىي زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن مۇشۇ ئاينىڭ 12 - كۈنى روسىيىنىڭ شىمالىدىكى پېتروزاۋوتسكى شەھىرىگە كەلگەندە ئۇ جايدا دەم ئېلىۋاتقان يېلتسىن زۇڭتۇڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى.

خەلقئارا يېزىقلىق تېلېگراف فىنلاندىيىنىڭ روسىيىنىڭ ئورتاق چېگرا مۇداپىئە مۇناسىۋىتى ئورنىتىش تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاقتىسارى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: چېگرا مۇداپىئەسى ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئورتاق چېگرا مۇداپىئە مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا بولمايدۇ.


روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن ئاقتىسارى روسىيىدە زىيارەتتە بولۇشتىن ئىلگىرى چىقىمنى تېجەش ئۈچۈن روسىيە بىلەن فىنلاندىيىنىڭ ئورتاق چېگرا مۇداپىئە مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەۋسىيە قىلغاندى.

# سان فرانسىسكودا 6000 جۈگگولۇق نامايىش ئۆتكۈزۈپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لوس ئانژېلېس، 12 - ئىيۇل تېلېگراممىسى.** ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو قولتۇق رايونىدا 6000 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق مۇشۇ ئاينىڭ 12- كۈنى تەنتەنىلىك بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ۋە داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونىنىڭ بايراقلىرى ئاستا چىقىرىلدى، مەيداندىكىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئىككى بايراق بايراق خادىسىنىڭ ئۇچىغا چىققاندا شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىش ۋاقتىغا سىمۋول قىلىنغان 1997 رەڭلىك شار ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ۋە تەنتەنە گەز كېلىدىغان، كەڭلىكى 13 گەز كېلىدىغان، ئالاھىدە چوڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن 30 بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ۋە 30 سېرىس گۈل چۇشۇرۇلگەن بايراقتىن تەركىب تاپقان قىزىل بايراق چاسا ئەترىتى ماڭدى، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا 30 جۇڭگولۇقلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىل ئەترىتى ماڭدى،

# پرېۋلاكا بىلەن كرايىشنىڭ سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېلگراد، 12 - ئىيۇل تېلېگراممىسى.** بوسنىيە- گېرتسېگوۋىنا سۆھبەتلەشكەن، سۆھبەتتىن كېيىن ئىككى تەرەپ ھېچقانداق رەسمىي بايانات ئېلان



◇ 7- ئاينىڭ 16- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بېيجىڭ دياۋيۈيتەي دۆلەت مېھمانخانىسىغا بېرىپ، بېيجىڭدىن يۈننەن ئۆلكىسىگە زىيارەتكە بېرىش ئالدىدا تۇرغان ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى دۇمېي بىلەن خوشلاشتى. ◇


شىنخۇا ئاگېنتلىقى

## جياڭ زېمىن دۇمېي بىلەن سەممىي خوشلاشتى

### دۇمېي بېيجىڭدىن يۈننەنگە زىيارەتكە يۈرۈپ كەتتى .

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 16- ئىيۇل تېلېگراممىسى.** ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى دۇمېي بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ؐلى شۇجېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا داۋاملىق زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن بېيجىڭدىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن يۈننەنگە يۈرۈپ كەتتى. بېيجىڭدىن يولغا چىقىش ئالدىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن دياۋيۈيتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا باش شۇجى دۇمېي بىلەن سەممىي خوشلاشتى.

باش شۇجى دۇمېينىڭ ھەمراھلىرىدىن ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى رۇەن مېڭچىڭ، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسىنىڭ ياردەمچىسى خۇڭخې، ۋيېتنام يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا تەرەققىيات مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى رۇەن گۇڭدەن، سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دىڭ ۋۇشۇ، ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى رۇەن ۋېنشەن، لاۋجيې ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇاڭ ئاباۋ، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى لى ۋېنجې ھەم ۋيېتنامنىڭ جۇڭگودا …



7- ئاينىڭ 16- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋېيىۋەنجاڭى چياۋشى بېيجىڭ «خەلق» سارىيىدا ياپونىيە پېشۋالار يېڭى پارتىيىسىنىڭ سابىق ۋەكىلى، دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى ۋۇسۇن جېڭيى بىلەن كۆرۈشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

## ئەراپات جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۈمىد قىلدى

### چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى جۇڭگو

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گازا، 14 - ئىيۇل تېلېگراممىسى.** پەلەستىن مىللىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىنىڭ رەئىسى ئەراپات مۇشۇ ئاينىڭ 13 - كۈنى بۇ يەردە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پەلەستىن خەلقى جۇڭگونىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى بالدۇرراق ھەل قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەراپات جۇڭگونىڭ پەلەستىندە يېڭىدىن تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ليۇچېنخەي تاپشۇرغان تونۇشتۇرۇش خېتىنى قوبۇل قىلغاندا جۇڭگونىڭ …

يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىدى ھەم ليۇجېنخەيگە پەلەستىننىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تارقاتقان خاتىرە پوچتا ماركىسىنى تەقدىم قىلدى.

ئەراپات يەنە كۆرۈشۈشتە جۇڭگونىڭ پەلەستىن خەلقىنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىنى قوللاپ كەلگەنلىكىنى مەدھىيىلىدى، جۇڭگو پەلەستىن ۋە ئەرەب خەلقىنىڭ ھەقىقىي دوستى، دەپ تەكىتلىدى.



مۇشۇ ئاينىڭ 10 - كۈنى كامبودژىنىڭ 2- باشۋەزىرى خۇڭسېن جىنبىيەندە ئېچكى كابىنېت يىغىنى چاقىرىشتىن ئىلگىرى مۇخبىرلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ، كامبودژىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە …

## ماۋزۇ خەۋەرلەر

- ۋاشىنگتون رايونىدىكى جۇڭگولۇق ئالىملار شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى
- جۇڭگو بىلەن پېرۇ پېرۇنىڭ شياڭگاڭدىكى باش كونسۇلخانىسىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا ھۆججەت ئالماشتۇردى
- جۇڭگو باھامانىڭ شياڭگاڭدا پەخرىي كونسۇلخانىسىنى ساقلاپ قېلىشىغا قوشۇلدى
- جۇڭگو بىلەن ئۇگاندا شياڭگاڭ پەۋقۇلئاددە مەمۇرىي رايونى بىلەن ئۇگاندانىڭ ئۆز ئارا ۋىزا كەچۈرۈم قىلىشى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى
- سىپرۇس زۇڭتۇڭى گىرىكلار بىلەن تۈركلەرنىڭ بىۋاستە سۆھبىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا يۈرۈپ كەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

## شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى شەرققە كېڭىيىش بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە قوبۇل قىلىنغان ئەزالارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مادرىد خەۋىرى.** شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى شورارا مادرىدتا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى 16 دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنىدا ئېچىلغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدا تۇنجى تۈركۈمدە پولشا، ۋېنگرىيە ۋە چېخ جۇمھۇرىيىتىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىشنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ قارار ئۈچ يېرىم يىل غۇلغۇلا قىلىنغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش پىلانىنىڭ رەسمىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىش بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە تەستىقلانغان ئىسمىلىك 16 دۆلەت رەھبەرلىرى شۇ كۈندىكى يىغىندا كەسكىن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن بېكىتىلدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەزا دۆلەتلەر پولشا، ۋېنگرىيە، چېخلارنى شەرققە كېڭىيىش بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى ئەزا قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئەمما فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق توققۇز جەنۇبىي ياۋروپا دۆلىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەر يۇقىرىدىكى ئۈچ دۆلەتتىن باشقا يەنە رۇمىنىيە بىلەن سلوۋېنىيىنىمۇ قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. باشلىقلار يىغىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ داۋاملىق كېڭەيتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئاخىر ئۇلارغا يول قويدى.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن، پولشا، ۋېنگرىيە، چېخ 9- ئايدىن باشلاپ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن ئۈچ ئاي سۆھبەتلىشىپ، 12 - ئاينىڭ بېشىدا كېلىشىمنامە ئىمزالايدۇ. ئەگەر بۇ كېلىشىمنامە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا 16 دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشەلىسە ئۈچ دۆلەت 1999 - يىلى 4 - ئايدا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل بولغان پەيتتە مەزكۇر تەشكىلاتقا رەسمىي كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن …

سۆيىنىدۇ شۇ قەدەر دىلىم.
ئۆسكەنچە مەن ئۇنىڭ مېھرىدە،
ئەقىل تاپتىم ئىگىلەپ بىلىم.

شۇڭا ئۇنىڭ مۇبارەك نامى،
يۈرىكىمگە چوڭقۇر ئويۇلغان.
ئەجىر-مېھرى ئىلىم - پەن بىلەن
ۋۇجۇدۇمغا ئىنماي قويۇلغان.

مۇئەللىمنى قاتسام كۈيۈمگە،
تۈگمەيدۇ دىلدىكى ناخشام.
پىشىپ بارار ھۆرمىتىم شۇنچە،
ئۇستازىمنىڭ چېھرىگە باقسام.

چۈنكى ئاشۇ باغۋەن ئەجرىدە،
بولدۇم ئەلگە يارامىلىق ئادەم.
ئۇنىڭ مېھرى تاراتمىسا نۇر،
گۈزەللىككە تولامتى ئالەم.

ئۇنىڭ ئىللىق مېھرى دىلىمدا،
قوزغار ئوتلۇق سۆيگۈ - مۇھەببەت.

ئەۋلاد ئۈچۈن ئۆتەر تەر تۆكۈپ،
يارلىقىنى بېغىشلاپ شۇنداق.
ئازلىق قىلار ئەجىر - ھەققىگە،
ياگراتساقمۇ بىر ئۆمۈر قوشاق.

## ئۈمىد

ئۈمىد - مادار، ئۈمىد - روھىي كۈچ،
ئۈمىد بىلەن يېڭىلەر مۇشكۇل.
ئۈمىد بىلەن تەر تۆكسە كىمكى،
ئېچىلىدۇ چۆللەردىمۇ گۈل.

ئۈمىد - قانات، ئۈمىد - ماياكتۇر،
ئۈمىد بىلەن ياشنايدۇ ھايات.
ئۈمىدۋار بول، قىل ئىجاد دوستۇم،
ياشاي دېسەڭ بەخت ئىچرە شاد.

## ھايات ھەققىدە رۇبائىيلار

**ئەنۋەر ئابلەت**

بۇ ھايات ھېچ كىمگە ئەمەس مەڭگۈلۈك،
ھېچ كىم ھەم جاھانغا بولالماس تۇۋرۇك.
شۇڭلاشقا ھاياتنىڭ يېتىپ قەدرىگە،
ئەۋلادلار بەختچۈن ياشاپ ئۆتكۈلۈك.

تەقدىردىن ئاغرىنىش نادانىنىڭ ئىشى،
نادانلىق - ھاياتنىڭ زىمىستان قىشى.
ئۈمىدنى يار تۇتقان ئاقىل ئىنساننىڭ،
تەقدىرى قولىدا، ھامان تىك بېشى.

* *

ھاياتنىڭ قىممىتى ئىجاد - مېھنەتتە،
ماڭلايدىن تامچىغان تەردە، ھەرىكەتتە.
نادامەت چۆلىدە قالار ئاقىۋەت،
ئۆتكۈزسە ئۆمرىنى كىمكى غەپلەتتە.

ئۆمۈرنىڭ مەنزىلى ئەمەستۇر چەكسىز،
تۈيماستىن بىر كۈنى يېتەرسەن شەكسىز.
تەر تۆكۈپ ئۆتمىسەڭ ئۆمرۈڭ بېغىدا
قالىدۇ شۇ مەنزىل گۈلسىز - چېچەكسىز.



**كۆتۈش** (ماي بوياق) **نىجات ھوشۇر** سىزغان

مەن تۇرسۇن شىياڭجاڭنى يېزىمىزنىڭ باشلىقلىرى ئارىسىدا خېلى ئاق - قارىنى پەرق قىلىدىغان دۇرۇس ئادەم، دەپ قارايتتىم. شۇڭا ھاپىزكامنى تېپىپ سۆزلەشكىلى ماڭدىم. بازارغا ئىزدەپ چىقسام

يۈرىدىكەنلا - دە.
ئۇ قولىدىكى تاۋۇزغا لاپپىدە قاراپ ماڭا بىر ئالايدى - دە:
— سىزنىمۇ كۆرىمىز تېخى، - دېگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

## سەبىي تۇيغۇلار

**تۇرغۇن پەيزۇللا**

### ئۇستازىم

مەرپەتنىڭ ئاچقۇچى،
دىلغا چىراغ ياققۇچى.
بىلىم كانى قازغۇچى،
كۈچ - مادارىم ئۇستازىم.

قۇياش خىجىل مېھرىڭدىن،
كۈلكە ئۆچمەس چېھرىڭدىن.
ئالدىم ئۈرنەك سېنىڭدىن،
مېھرىبانىم ئۇستازىم.

قانات بەردىڭ بىلىمدىن،
ئۇرغار سۆيگۈ دىلىمدىن.
كۈي ياڭرايدۇ تىلىمدىن،
گۈلئۇزارىم ئۇستازىم.

### ئۇستازىمغا گۈل تۇتتۇم

ئۇستازىمغا گۈل تۇتتۇم،
سۆيگۈ بىلەن ھۆرمەتتە.
ئىجادىمدىن - تەرىمدىن،
ئېچىلدۇرۇپ گۈلدەستە.

گۈلنى ئالدى ئۇستازىم،
ئىچ - ئىچىدىن زوقلىنىپ.
سىلىۋىدى بېشىمنى،
كەتتىم شۇنچە روھلىنىپ.

گۈلنى پۇراپ ئۇستازىم،
ماڭا كۈلۈپ قارىدى.
سەبىي - گۆدەك قەلبىمگە،
بىر خۇشاللىق تارىدى.

## قىزىل بايراق

**قەدىرىيە قەمىردىن**

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - باشلانغۇچ مەكتەپ 5 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئېھ، قىزىل بايراق،
بىز ساڭا ئامراق.
ساڭا مەدھىيە،
ئېيتىمىز ياڭراق.

سېنىڭ ئالدىڭدا،
بېرىمىز قەسەم.
ئوتلۇق مېھرىمىز،
بولۇپ مۇجەسسەم.

جەۋلان قىلسەن،
جۇڭخۇا ئېلىدە.
رەڭگىڭ چاقنايدۇ،
ئەلنىڭ قەلبىدە.

كۆتۈرۈپ سېنى،
دادىل ئۆرلەيمىز.
ۋەتەننى - ئەلنى،
گۈلگە پۈركەيمىز.

## يۇرت ۋە مەن

**زاھىر ئابدۇراخمان**

جان بىلەن جانان مىسال مەن يۇرت بىلەن،
بۇ ئىشق سىڭگەن تېنىمگە سۈت بىلەن.

قىش - يېزى ئوتلۇق ئۆچەك باغرى ماڭا،
بەلكى قانداش ئۇندا قوڭغۇز - قۇرت بىلەن.

كۆكتە پەرۋازىم بەھەيۋەت مېھرىدىن،
تاغلىرىدا ئۈگىنەچ بۈركۈت بىلەن.

ئۇ مېنىڭ غېمىدە ئوت، مەن ئىشقىدا،
شۇڭا بىز بىر جان ۋە بىر تەن ئوت بىلەن.

بېرىمەن ئەجرىم بىلەن ئەجرىگە باب،
بىر جاۋاب كەلگۈسى ئىقبال - قۇت بىلەن.

يەر - ئاسمانىنى سۈيۈپ چىق.

ئاپتاپ چىقىن، ئاپتاپ چىق،
يامغۇر توختاپ كەتتىمۇ!
تەشنا بولدۇق ئاپتاپقا،
ساڭا ھاردۇق يەتتىمۇ؟

### يامغۇر ياغدى مەھەللىگە

يامغۇر ياغدى مەھەللىگە
شارقىراپ كەتتى.
خۇشال بولۇپ باللار،
ۋارقىراپ كەتتى.

سۇزۇك سۇدا بېلىقتەك،
ئۈزەر باللار.
قىزىق قۇمغا تېنىنى،
كۆمەر باللار.

ھەممە يەردە شاد - خۇرام،
يۈرەر باللار.
ياز پەيزىنى ئاشۇنداق
سۈرەر باللار.

**باللار ئۈچۈن**

## بىلىۋالدۇق ھەرپنى

**ھەسەن تىلىۋالدى**

ئۆگەندۇق بىز باغچىدا،
ئوتتۇز ئىككى ھەرپنى.
سانالايمىز يۈزگىچە،
بىلدۇق شەرق، غەربنى.

بىز ئالىمىز ئۇنىڭدىن،
ئىلھام، زوق ۋە تەربىيە.

ئىلىم - پەنگە قىزىقىپ،
ئەقىللىق بوپ ئۆسىمىز.
چوڭ بولغاندا بىز چوقۇم،
مۇشكۇللەرنى بۆسىمىز.

سۆزلەپ بېرەر ئاچىلار،
بىزگە قىزىق ھېكايە.

## ئۆردەك بىلەن توخۇ

(مەسەل)

**ئابدۇرېھىم يۇنۇس**

ئۆردەك بىلەن توخۇ بىر كۈنى ئۆزلىرىنى ماختىشىپ گەپ تالىشىپ قاپتۇ.

— مەن ئىگەمگە تۇخۇم تۇغۇپ بېرىمەن، مېنىڭ تۇخۇمۇم سېنىڭكىدىن ئىككى چىقىدۇ. ئەگەر ئىگەم يېمەكچى بولۇپ مېنى ئۆلتۈرسە ساڭا قارىغاندا مەندىن جىق گۆش چىقىدۇ، - دەپتۇ ئۆردەك غادىيىپ.

— مەن ئىگەمگە سەندىن كۆپ تۇخۇم تۇغۇپ بېرىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى 30 — 40 چۈجە چىقىرىمەن، قانداق؟ سەن بۇ جەھەتتە ماڭا يەتمەيسەن، - دەپتۇ توخۇ قانىتىنى قېقىپ.

بىرسى ئۇنى دەپ، بىرسى بۇنى دەپ بىر-بىرسىنى قايىل قىلالماي، ئېرىقتا ئوتلاپ يۈرگەن ئۆچكىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

ئۆچكە بىر سەكرەپ قىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ساقىلىنى يېنىك سىلكىپ تۇرۇپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە يېيىقلىق تۇرغان قوناقنى كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— قاراڭلار، كىم بۇرۇن بېرىپ ئۆگزىدىكى ئاشۇ قوناقتىن ئىككى باش ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ كىم ئېلىپ كەلسە شۇ يەڭگەن بولسۇن.

ئۆچكىنىڭ گېپىدىن كېيىن ئۆردەك دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ ئۆينىڭ قېشىغا كەپتۇ. لېكىن ئۆگزىگە چىقالماي تام تۈۋىدە تۇرۇپ قاپتۇ. توخۇ بولسا دەريادىن قانداق ئۆتۈشنى بىلمەي، ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئاخىر ئۇ ئۆگزىگە چىقالماي قاراپ تۇرغان ئۆردەككە:

— ھەي ئۆردەك ئاداش! بۇ ياققا كېلىپ مېنى دەريادىن ئۆتكۈزگىن، قوناقنى ئۆگزىدىن مەن ئېلىپ چۈشەي، - دېيىشىگە، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان ئۆردەك ئاسانلا ماقۇل بولۇپ توخۇنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپتۇ. توخۇ ئۆگزىگە ئۇچۇپ چىقىپ قوناقتىن ئىككى باش پەسكە تاشلاپتۇ ۋە ئىككىلىسى ئۆچكە ئالدىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئۆچكە توخۇ بىلەن ئۆردەككە:

— ئەمدى بىلگەنسىلەر، «ئىتتىپاقلىق - كۈچ» دېگەن مانا شۇ. ھەر قايسىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا خاس ئارتۇقچىلىقىڭلار بار، بۇ ئارتۇقچىلىق ئۆزئارا ھەمكارلاشقاندىلا جارى بولىدۇ، - دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆردەك بىلەن توخۇ كۈنلىرىنى بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ئۆتكۈزۈپتۇ.

